یدغان خلقنی شورایدیغان عفنکە اولگەن.
مانا بونگغا سریق آلتون دیگەن نام بیرلگەن:

4 ـ اقتصادی جدی تورده باشقو-
روش لایحەسی ـــ بو لایحەنی چاڭ
جانلاو دیگەن اشلەب چقارلقدین، چاڭ جانلاو
هنری دیلیدو. بو لایحە کورولوشدە سی-
ریق آلتوننك ناتوری بلەن اورلەب کەتکەن
بازار بهاسینی توبەنلتش اوچون توزولوب
چققان بولسا، اصلیدە کوپچولوك خلقنی
اچکی اوروش خراجتیگە شرك قلش مقصدی-
دە چققان. خلق اتحادنك دمشتلك ازیشیگە
اوچریشی، ازسانلق عملدارلارنك منفعتینی
وشوقاتاردا حکومتنك اقتصادی کریزیسدین
ساقلنش اوچون توزولوب چققان لایحە ایدی .
بو سوزنك حقیقەتلیگی اوچون اقتصادی
جدی تورده باشقوروش لایحەسنك مضمونینی
توبندیکیچە تونوشتوروب اوتوش زلام،

بولایحە « اسمیدانی بالانس قلش »،
« مەیدە سودا اشلرینی توختوتوب، دوللار
بهاسینی تینچلاندوروش » ، « تاشقی دو-
لتلر بلەن بولغان سودنی رواجلاندوروش»،
« مال بهاسی واشچیلارنك اش حقی » ،
« خلق تورموشیغە حتیاجلق مالارنی قامداش»
دیگەن 5 مضمونندی اوزنر کیبگە آلغان.

برنچی ماددا اوچون قوللانغان چارە :
« هر تورلوك باجلارنی ایلشنی قطعـی
اجراقلش ، بی واسطە باجلارنی ایلشقا
و ییکی باج منبعە ارینی تپشقا علاحیدە
اهمیت بیرش » ، « حکومت حقوقیدیکی
دوشمەننك و قورچاقلارنك مولکینی ، امیری-
کا دین ایلنغان مالارنك قالغانلرینی تیگیش
لك اداره جملك بلەن سیتش » ،
عموما دولت حقوقیدیکی اشلەب چقریش
اورونلارینی ( ایغر صناعتکە دائر وقوق الا
عادی شرائط بلەن یور گوزولوتقان اش
لەب چقریش اورونلری بونك ایچیگە کر
مەیدو ) جدی یاکی آستا بولغان احوالیغ
غا قاراب پای اوصولی بلەن آشکارە سیتش
یاکی خلقنك یور گوزوشیگە سیتیب بیرش» ،
« جو گخوامگکوی خلقنك شرکتلری یاکی
جمعیتلری اوزلرینك تاشقی دولتلر گە ،
قویغان امانت پوللرینی حکومتکە معلوم
قلش ، حکومت بو امانت پوللارنی قـا
نونغا لایق سورەتدە اشلیتشنك سرتیدا،
حکومت مدنی بویچە قانونغا اساسا کور
سی بلەن سیتیب ایلش دیـن عبارت .

ایکنچی ماددا اوچون قوللانغان چارە:
« چوکا آلتون ، دانە آلتون یاکی اسبلب
آلتوننی سیتش یاکی سیتیب ایلشنی منع
قلش » ، « آلتوننی پول اورنیدا یور
گوزوشنی منع قلش » ، « بو نگغا خلاب
قلغوچیلارنك آلتونلرنی مصادیرە قلش»
« مرکزی بانکا آلتوننك بهاسینی
بەلگولەیدو ، شو بها بویچە آلتونی بار
لار مرکزی بانکیغا یاکی مرکـزی
بانکا ایناییتیدیکی بانکالارغا اپریب قابی
( خطای دوللار )غا تیگشش » ، « تاشقی
دولتلرنك دوللارلرینی یور گوزوشنی منع
قلش » ، « خلاف قلغوچیلارنك پوللرینی
مصادیرە قلش » ، « بونداق پوللارنـی
مرکزی بانکیغا یاکی مرگزی بانکـا
نك ایناییتیدیکی بانکیلارغا اپریب کور
سی بویچە تیگیشش دین عبارەت .

اوچونچی ماددا حقدە یەرلك دوللار
بلەن تاشقی دولت دوللارلرینی قـراب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چقیب ، 17 - فیورالدا 12000 دوللار قابیننی آمیریکانك بر دوللاریغا برابـــر قلدی ، 6 - فیۋرالدا اعلان قـــلغان «امپوروتقا باج قوشوش ، ایکسپوروتقا باردەم قلش » دیگەننی منع قلدی .

تورتنچی مادداوچون مـــانداق وەشالك چارە قوللاندیکی «ماموری پالا تا برنچە او روقلارنی بازار بھاسینی ادارە قلش اورنی قلیب بەلگولەش » ، « ھر جایلاردیکی خدمتچی ، اشچیلارنك معاش حقدە یوبل 1 - غینواردا بەلگولەنگەن معاش الك بو قوری درجیلك معاش بولوب حسابلانسون ، قائدەقلیکی اوصوللاربلەن بولمیسون اوز گەر تلمیسون » . » بولایە یورگوزولگەندە ، اش خان لرنی یپشنی ، اش تاشلاشلارنی منع قلش » .

بەشنچی ماددا خصوصیدا تانکیبن بلـــەن شاکخەیدە اش یورگوزدی . اما بواش یاپونغا قارشی اوروش وقتدا چونچندە بو یورگوزولگەن دەك بولوب شخصی کشیلر اوچون قانیدە ، کوبچولوك خلق اوچون زییان بولدی . چونکی گومندالك حکومتی خلـــق بلەن ھچ قانداق کاری یوق . شونك اوچون مو یوسی تەن افندی ســونزی وینتی «کوکلیدە زادی خلقنی اویلاشمەیگـــەن یوق » دەب تللاپ اونکەن .

م . امینی

# 1864 — یلی شرقی تورکستاندا بولغان قوزغولاڭلار توغرسیدا اویغورچە تاریخی ماتیریاللار .

ف . م

1864 - یلی شرقی تورکستاندیکی خطای حکمرانلقیغا قارشی اولوغ خلق قوزغولاڭلری نتیجسیدە شرقی تورکستاندا : کوچار خانلیقی ، خوتەن پادشاھ لیقی ، ایلی سلطانلیقی تونگان خانلقلاریغا اوخشاش برنەچچە اوز آلدیغا بـــولغان مسلمان حکومتاری میدانغە کەلدی . اما نا بو وقتدا شرقی تورکستانغا 14 یـــل ( 1878 - یللارغیچە) خطای خانلغـــی کردلمیدی .

شرقی تورکستاندیکی 1864 - 1877 - یللاردا اونکەن بو واقعە دونیادیکی کـــاپیتا لسیت دولەتلردیکی یوقوری تەبقە دانیرە لرینك دقتنی اوزیگە جاب قلدی . شرقی تور کستان توغورسیدا یورگەن آزادبیاتلری نك شو واقتیدیکی چوك یوروليشی تما دیقی اش امەس ایدی . مانا شو 10 یل وقت ایچیدە 1870 - یللاردا ھر خیل موضوعلاردا بولغان مقالە وە رسالەردین باشقا شرقی تورکستان توغورسیدا روس، انگیلس وباشقا تللاردا برقانچە اثر اســـر بیسیلیب چقدی .

1 - ر . شاۋنك « یوقارقی تاتاریە، یار کند ھم قەشقەریە » دیگەن اثرلری .

2 . گ . بیلیونك « کاشمیر ھـــم قەشقەر ، انگلیز پاسولینك 1873 - 1874 - یلدا قەشقەردیکی کوندواـــك دفتری . دیگەن اثرلری .

3 - قارـــاینك یارکند توغـــورسیدا یازغان معالوماتی .

4 ۋ . گریگو ریفنك ( سیانك پیتر بورغ اونیۋیرسنیت شرق تاریخی بو-



اومینك نیشانلیق فروفسوری ) « ك . ریتیرنك شرقی تورکستاندیکی دیھقان چیلیقی دیگەن اثری .

5 - آ . کروپانکیننك ( قاشقاریە تا ریخی - جغرافیە اثری ، اونوك حربی کوچی ، اشلەپ چقریش وە ســوداسی) دیگەن اثری .

6 . ن یرژیوالسیکینك « غواجیدین تیبانشان آرقلیق لوپنورغا » دیگەن اثری .

7 . بالژیرنك یوسوف بك توغورسیدیکی اثری .

8 . جانسوننك خوتەن توغرسیدیکی اثری .

9 . گایوارننك قەشقەروە یارکند توغرسیدیکی اثری .

10 . آرستوفنك « 1870 - یلی یعقوب بەگنك تونگانلار بلەن سوقوشی » دیگەن اثری .

شرقی تورکستاننی اوگونوش کوپ رەك آیریم دولەتلەرنك باش شتابلرینك وە کیللری طرفیدین ایلب بیریلیب او لارنك اشلرینك مھیمی حربی - استانیس تیکا وە جغرافیە طرفیدین تە کشوروشنی ییزیش بولدی . باوروپا ادبیاتلریدا اوی غور خەلقینك خطای حکمرانلیقیغا قارشی بولغان بی واسطە کورەش حرکتلرینك برنجی باسقوچی عاجیز رویشیدە اینعکاس قلنغان . عصرلر بویی دوام قلیب کەل گەن خطای حکمرانلقیغا قارشی قوزغال غوچیلارنك آلقی آیغا ســوزولغان بو قیدا کارا تەکورەشی اویغور خەلقینك اوز مس تقللیگی اوچون بولغان کورەش تاریخینك ایك مھم شانلیق ، قھریمان واراقلریدین حسابلنیدور .

اووقتدا شرقی تورکستانغا بولغان قزیقش یوتمیگەن ایدی . اونوك جغرافیە جایلنیشی، آرخیئولوگیەسی ، طبیعی بایلیقی ، بول قانداش اشلری وە آیریم تاریخی مذاکیرە قلندی . شرقی تورکستاننی کوپلیگەن صیاحلار زییارەت قلدی . یەرشارینك بور جیکیدیکی بویەرگە آخرقی یللاردا آیریم قزیقیشلار قیدا بولدی . لەیکین شونداق تیەو حاضرقی واقتیچە اویغورچە بولغان ماتیر یاللارغا آیریم قناعتلنەرلك دقت قلش کورولمیدی .

اویغورچە ماتیریاللارنی اوگونوش تەك شور گوچیگە واقعەنك اونوشی توغورلوق ییکیدین ییگی معلوماتلارنی ، بەلکی یو تونلەی کورولمیگەن معلوماتلارنی بیریش مەکین بولاندی .

بونی حاضرقی وقتدا س س س ردا ساقـــ لینیوانقان 1864 - یلدیکی شرقی تور کستان قوزغولاڭینك قسما ماتیریاللری کورسوتیدو .

اویغورچە ماتیریاللارنك بزەچیســی بیسلغان بولوب ، کوپ قسمی قول یاز ما حالیدا تیپلیدو . بو ماتیریاللار شو وقتدی یکی قوزغولاڭلارغا قاتناشقوچی ، یاکی شو قوزغولاڭلارنك زامانداشی بولغان اوی غورلار طرفیدین ییزیلغان .

مثلا : ماتیر یاللارنك ایچیدە موسا سایرامی نك « تاریخی امینیە » دیگەن کتابی بار . بو کتابقا آقتوراوزی قاتناش قان کوچار آقسو ، اوچ تورپان لاردا بولغان واقیعە لەر توغوریسیدا خیلیلا دیگیدەك تولوق یزیلغان .

ملامسی بن ملاعیسی - سایرامی نك « تاریخی امینیە » اثری 1905 - یلی

ن ۋلتوسوف طرفيدين « قەشقەر حكومە
تينىڭ تاريخى » ديگەن نام بلەن باسىلدورو
دى . « تاريخى امينيه » نىڭ آفتورى
( يازغوچيسى ) بالى ناحيه سايرام
بيزيسيدين چققان .او ، ياشلقيدا كوچار
ديكى مدرسەدە بر نەچچە يل اوقودى .
قوزغولاڭ واقتيدا اويغور لەشكەرلرينىڭ
آقسوغا يوروشيدە قاتناشتى . كوچار اوي-
غور حكومەتينىڭ وقتيدا آفتور اوچ توريۇ
دا تورلوك وظيفەلەردە ( مەسلىھەتچى ،
تامغيچى ، خەزينىچى ، آمبار باشلىغى )
بولدى . هەم چوڭ مسجد نىڭ ايما
مەتچيليگينيمو ايليب باردى . يعقوب بەگ
( بەدەولەت )واقيتلاردەن يېقوچى وەقەد
چيلىك وظيفيسيني اوتيدى . آفتور
اوزينىڭ اورنيدين فايداليىنب قوزغولاڭ-
غا قاتناشقوچى قەھريمانلاردين قوزغولاڭلار
توغورسيديكى تورغونلىغان ماتيرياللار
نى توپلىدى . وە اوزينىڭ كورگەنلرينى
قوشدى .

حاجى يوسفنىڭ « تاريخى يعقوب بەگ)
دەب آتالغان كتابى قەشقەر دە اونكەن واق-
عەنى توليقى بلەن ايتيب بيريدور .
يازغوچيسى قەشقەر ويلايىتينىڭ تاش مي-
لق ناحيەسى قوش توپە مەھەلەسيدين بو
لوب ، ملاهاشير خلفەنىڭ باليسى حاجى
يوسوب ديگەن اويغور .

آفتور اوزينىڭ اثرينى بەلگولەك بر
اسمدا آتميدى . عمومات مضمونى بلەن
آلغاندا « جمع التواريخ » يعنى تاريخ
يىغندىسى دەب يوروتوزوليدو . 1909-
1910- يىللىدا ك . زاليمان آزيا موزي-
سيغا چوشكەن بو ماتيريالنى مسلمان قول
يازمىلار تزيميغا چوشورگەن چاغدا « تا
ريخى يعقوب بەگ » دەب يازغان . حا
جى يوسف بو اثرنى 1907 - يلى 18-
ايبودا يېزيشقا باشلاپ، 1908- يلى 1-
مارتدا يېزيب پوتورگەن . بو وقتدە آو-
تور 70 ياشدا بولغان . بونو كۆزقاراشلرىغا-
دا اثرنىڭ توشيسى خيلى بورون يېزي-
ليب ،مذكور يللاردا كوچورولگەنلىگى
اينقايىدو . اثر قەشقەرنىڭ اوزيدە بولغان
قوزغولاڭنى يېزش بلەن بللە عمومات
قوزغولاڭنىڭ بيريشنى ترتيبليك يوسوندا
كورسوتيدو . اثرنىڭ مهم واراقلريدا 18؟
يلى باشلانغان شەنشى وە گانسو تونگان
خەلقينىڭ قوزغولاڭلرى توغورسى - ديمو
تولوق معلوماتلار بار . اثر دەمانجو خاندان
لىقينىڭ بوغداخانغابۇى سونوش توغور
سيديكى قلغان تكليفيدين باش تارتيب
شرقى تور كستانغا كەلگەن تونگانلار قوز
غولاڭنىڭ رەبرى بيەن - خوننىڭ ميجەز
لرى توغورلوق تولوق ايتيليدو . بيە
ن خو توغورسيديكى بومعلوماتلار
خطايچەماتيرياللار غيمو توغرى كليدور .
يازغوچى يعقوب بەگنىڭ آلتە شەرنى بر
لەشتوروش اوچون ايليب بارغان كورەش
لرينى وە تونگانلار بلەن بولغان اورو
شيني آندين مانجور وە خطاى حكمرانلقي-
غا قارشى قوزغالغان قوزغولاڭنى ايليب
بيريش توغورسيديكى معلوماتلارنى
بوائريدە تولوق دېگيدەك ايتيپ بيريدو.

خوتەندە ياشيغوچى محمود اعلم نىڭ
اثرى خوتەنديكى حركتنىڭ بيريشيني
اومدانلا كورسوتيدو . محمود اعلم نىڭ
قوليازميسى موضوعسيز قالغان بولوب ،
عمومات يعقوب بەك قەشقەرديكى واقتيدا
خوتەندە اونكەن واقيعەلەر توغورسيدا
يېزيلغان .



ايليدا ياشيغان ملا بلال اوزينىڭ « كتاب
غزات دەرملك چين » ديگەن كتابيدا ايليدا
اونكەن واقعەنى ايتيب بيريدو . ملا بلال-
نىڭ بو اثرى 1880 - يلى قازاندا
قاتنوسف طرفيدين « مسلمانلارنىڭ خطايغا
قارشى اوروشى » ديگەن نام بلەن باستو
رولدى . يازغوچى بو اثريني 1876 -
يلى يېزيب پوتورگەن ايدى .

چوچەكدە ياشيغوچى قارى قربان على
« كتاب التاريخ جريدە - جديدە » ديگەن
اثريدە چوچەكديكى احواللارنى ايچيب
كورسوتيدو . قارى قربان على خاليد حاجى
ئوغلى بولوب ، ئووافعە ئونكەن وقتدا چو
چەكدە تورغان ئيدى . يازغوچى 1886-
1887- يللريدا چوچەكدين چقيب
تورومچى ارقيليق لوكچين گيچە بولغان
سياحتينىڭ نەتيجەسيدە مذكور كيتابنى
يېزيب چققان . بو كتاب 1889- يلى
قازاندا بسليب چقدى .

محمد صاليح يار كەندى « اشعار
دورنات خازيكيت خواجە - پادشاه » ديگەن
كتابيدا كوچارخانى راش الدين خاننىڭ فعا
ليتيلرى توغورسيدا سوزلەيدو . يازغوچى
بو اثريدە 1864- يلديكى قوزغولاڭغچە
قەشقەر خەلقينىڭ بيشيدين ئونكەن ايغر
تورموشيني و كوچارديكى قوزغولاڭلار
توغورسيدا يازيدو . اثر نثر وەشيعر قليب
يېزيلغان . شيعرلارنىڭ بەضيلرى عربچە بولغان .

آرتوشدين چققان يازغوچى محمودبك ئو
زينىڭ « تاريخ نامە يعقوب بەگ » دەب شرط
ليك آتالغان كتابيدا واقعەنىڭ مهيم قسمينى
قەشقەردە ئونكەن دەب كورسوتيدو . محمود
احمد شيخ - عارف ئوغلى قەشقەر ويلايىتينىڭ
آرتوش ناحيەسيدە توغولوب ئوسكەن . تاريخ
توغورسيدا ئونوڭ بر نەچچە قول يازميلرى
بولوشى قياس اتيليدو محمودنىڭ قول ياز
ميسى اسمسز بولوب ، ك . زاليمان طرفيدين
شرطليك رەويشدە « تاريخى نامە يعقوب خان
دەب آتالدى . بو اثر 1898 - يلى يېز
يليب چقتى . يازغوچى اثرنىڭ بر قسمينى
كوچارديكى واقيعە وە قەشقەرديكى قوزغو
لاڭلار توغورسيدا ترتيبليك رەويشدە يېزيپ
ئوتوب ، قالغان قسمى يەتتە شەر دولەتينىڭ
قورليشى وە يېقيلش تاريخى اوستيدە باري-
دو . بو يەردە مولدين باشقا يەنە بر ايكي-
يسيز قوليازميني اسكەرتش توغر كيلي-
دو . بو قول يازما 32 بەتليك بولوب ،
يېزش اوصولى ماتيرياللارنىڭ ئورنوتو
ليشى محمودبكنىڭ اثريگە نهايتى ئوخشايدو ،
آمما واقعەنىڭ ئونوشيني قسقا جوملەلەر
بلەن كورسوتوش وە يعقوب بەك نىڭ
ئولوشى توغورسيديكى بيز ياشلاردين
فرقلينيدو . ( شونو كۆزقاراب بوايگيسز قول
يازما - مو محمودبەكنىڭ اثرى ، - ديگەن
فكر توغوليدو . « تحرير » )

يوقورىدا كەلتورولگەن ئويغور تاريخ
ماتيرياللرينىڭ بارليقى آيريم - آيريم حر
كتلرنىڭ قسملرينى يىغيب كورسوتوب ،
شرقى تور كستاندا ئونكەن واقيعەلەرنى
بر پوتون قليب ئوچوق گەودلەندورەليدو .
ئونو كدا يەرليك خانلارنىڭ خەلقنى ايكس
سپيلو آناتسيە قليشني وە مانجور خانداد
لقينىڭ كريزيس هەم يوقولوش شرطلرى ،
ئونوڭ كوچويوشلرى انعكاس قيلندو .

« تاريخ ئەمينيه »قوليازميسيني آلساق ،
قسمات رەويشدە . ئوۋالقى وقتدا ئولكيدە
ئورنى بولميغان ايككى كورونوشيكى
پول سيلىقى ( « چوكا باشى » و « توز سيلقى »

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توغورسىدا تولوق ايتىب ئوتودو. بو
سىياھەتلارنىڭ دائىرىسىدە اقسو اطرافىدا
كوپلىگەن جزانىخورلار توغورسىدا سوز
ايتىلىدو. (خطايلار بىر پوز «تەنگە» قرض آلغان
كىشى، ئوزىنىڭ يەر، ملكى وەمىلىكىدىن اجرا
بىدو.) دەپ يازىدو خوتەنلىك محمداعلم.
شرقى تور كستان بازارلىدا اجنبى كافىتا
لىستلارنىڭ ماللىرى پەيدا بولوش بىلەن بەر
لىك ھنرمەندلەرنىڭ احوالى يەنىموياماڭلاشتى،
منصبدار وەفئودالارنىڭ پولغا بولغان ھ-يدىن
تاشقىرى محبىتىنى تىخىمو. آشوربوەتتى.
منصبدارلار -دەپ يازىدو.موسى سايرامى
توختولغان قائىدە بويىچە بولغان تفاوەتكە
قناعت قلماسدىن، خەلقدىن پول ھەم مال
يىغىشتىكى ظلمى حدىدىن آشدى. ياز
غوچىنىڭ يېزىشى توۋەندىكىنى كورسىتىدو، ھپولى بارلار خطاي منصبدارلارنىڭ
قولتوق استىغا كريب آلاتتى. پونون ايغر
لىق پولى يوق يىچارىلەرگە آرتلىپ قلىپ
آخردا بولارنىڭ يەرلىرى، ماللىرى، اوي، نە
ئەللوقلرى خطاي منصبدارلىرىنىڭ قولىغا
اوتەر ايدى».
شرقى تور كستاندىكى كوپچولوكخە-
لقنىڭ احوالى كەسكىن رەوشدە ناچارلىنىشى
19-عصرنىڭ 2— يىرىمىدىكى شرقى تور-
كستان مسلمان خەلقىنىڭ (اويغور، تونگان،
قازاق وە باشقلار ) خطاي ايكسپلواتا
تورلرىغا قارشى كوتورلوشنىڭ اساسى
سىبلىرىنىڭ برسى بولدى.
ياوروپا يازغوچىلارىنىڭ كوپچولىگى
شووقتدىكى قوزغولاڭنى دىنى وە كىلىرىنىڭ
قوزغوشى بىلەن بولغان دەپ يازىدو.لەكىن شرقى
تور كستاندىنىڭ بەرلىك يازغو
چىلرىنىڭ مەتىريالرىغا قارىغاندا قوزغو-
لاڭلار دھقانلار ... طرفىدىن باشلىنىب
آندىن كىينلا دينى رھبەرلرنىڭ مشھر كشي-
لرى قولغا آلغانلىقى مقرەر. ياوروپا ادىبلار-
لرىدا جانسوننىڭ خوتەن پادشاھلىقى تو-
غورسىدىكى، شاۋنىڭ صديق بەكنىڭ قەش-
قەردە حكمرانلىقى توغورسىدىكى ھم كا-
ئولبارسىنىڭ تارانچى سلطانلىقى توغورسى-
دىكى يازغانلىرىنى ھسابلىمىغاندا، قوزغو-
لاڭنىڭ اينوق قازىنىشى بىلەن قورولغان
مسلمان حكومتلرىنىڭ خراكتىرى توغو-
رىسىدا ھيچ قانداق معلومات يوق.
بزنىڭ قولىمزدىكى اويغور ماتىريالا-
لرى مسلمان حكومتلرى توغورسىدا بر-
دىن - بر معلومات بىرىدىغان حجت بو-
لوب تورماقدا. مانجور خطاي فيئودالرى-
نىڭ حكمرانلقىنى يوقونوش، اويغور خەل-
قىنىڭ عصرلر بويى ساقلنىب كەلگەن مق-
صىدى ايدى. شو وقتدىكى سياسى، اقتە-
صادى احوال بىلەن اوز آلدىغا پارچىلانغان
كىچىك خالق گروپپىلرى يغيلىش قورقو-
نيشى بار ايدى. بو قورقونوش شرقى
تور كستاننى بىرلەشتورگەن وە چىكىنگان
يعقوب بەك رەھبرلىگى استىدا يەتتەشھر
اويغور دولەتىنىڭ قوروولوشى بىلەن واقتە-
لىق پەسلىدى. يەتتە شھرنىڭ خطاي عسكر
لرى طرفىدىن مغلوب بولوشى بىلەن يە-
ليقى اوشتاق خالق گروپپا يەنە خطاي
فيئوداللرىنىڭ حكمرانلقىغا يولەندى.
1864 - يلقى قوزغولاڭ شرقى
تور كستان خەلقىنىڭ كوڭلىدە چوڭقور
ايز قالدوردى. شو تاثرلەر بىلەن آرقىمو
آرقا بولغان قوزغولاڭلر حاضرقى وقتقىچە
خلق آغزىدا سوزلەنمەكتە.



# رحيم صوفى

مەن كىچىك چېغمدا بزنىڭ مسجىدىنى
سوپوروب، شويەردە قونوب عبادەت
قلىدىغان رحيم صوفىنى بىلەتتم. او، نھايتى
كوگولچەك، صاديق بووای ايدى. اوزى
ساواد سز بولسىمو، قەشقەردە 1864 -
يلىدىن ئارتىب باشلانغان اويغور خەلقىنىڭ
اولوغ آزادلىق قوزغولاڭلرىنىڭ واقىعە-
لرىنى وە يەتتەولەتنىڭ سوربىنى لەشكەر
لەرنىڭ تەنتەنەلرىنى قزىق قلىپ سوزلەپ
بىرەتتى. مەن اولرنىڭ سوزلرىگە قزىقتا-
لىغىم اوچون ھەمىشە اويدىن نان وەتا
ماق توشوب بىرەتتىم.

● ● ●

رەحيم صوفىنىڭ دادىسى يەدەولەتنىڭ لەش-
كەر صفىدە بولوب، يەكەند سوقوشىدا
اولگەن. رەحيم صوفى دادىسىدىن يتيم
قلىپ اوردىنىڭ يارديمى بىلەن قەشقەرنىڭ
كوزگە كورونەرلىك جايىدا اوتىلىش
سانىديغان تەنزە ايچىب، آنىسى وەايككى
سىڭلىسىغا قاراب كەلگەن. او، يەدەو-
لەتنىڭ اوردىسىغا ھەر كونى اوتيلىش يەتكو
زوب بىرىدو. اوردىدا يەدەولەتنى اوچرات-
قان كونلەردە اوتيلشنىڭ ھەققيدىن باشقا
علاحيدە انعاملارغا ايگە بولوب، خوشال
قايتيدو. يەدەولەتنىڭ كەيفى چاغ كونلەردە
خصوصا 20 نەپچەخل ساز آلتى يىلەن
بەزمە قزىغان چاغلاردا رحيم - مو يەدەو
لەتنىڭ آلدىدىكى سازەندىلەر آريسىغا كريب
اولتوروب آليدو. اويەدەولەتنىڭ خوش چاغ
لرىنى كورگەندەك ايك غضبلىك چاغلرىنى
مو كورگەن.
زادى ايسمدىن چقمايدو، رمضان آيى
ايدى، بر كونى كشىلەر تراويح دىن
قايتقاندا مەن رحيم صوفىنىڭ گىپىنى
تىڭشاپ اولتوروب قالديم. او، كورگەن-
لرىنى سوزلەۋاتقاندا تووەندىكى گەپلەر
ماڭا قاتتق تاثر قلغان ايدى:
« اوردىنىڭ داوزىسىدىن كرىشمگە آلدىم-
غا بر آدەمنىڭ كاللىسى سەكرەب چوش-
تى. يانيقى كاللانىڭ قولاق، اغز، كوز
لرى لىپلداب، كسىك كاتىلىدىن خيقىرى-
غان آواز آڭلاندى. كاللىنىڭ تىنىدىكى
اوزوك بويوندىن ايلىب چىقىۋاتقان قانى-
نى كوروب نھايتى قوققان ايدم. كوگ-
لومدە « آلدىڭغا قارا! » دىگەندەك
بولدى. شونداق قاريسام ھويلىنىڭ اوت-
تورسىدا يەدەولەت اورە تورماقدا. او،
سول قولىنى آرقسىغا، اوڭ قولىنىڭ آر
قسىنى بىلىگە ترەپ. قوشومىسىنى تور
گەن حالدا غضبلىك كوزىدىن اوت چاق-
نتىب توروپتو. پادشاھنىڭ بو سورلوك
كورونيشى تاثيرى استىدا پوتوم
ھيچ ياققا بوروشنى ئاپالمىدى. تورغان
جايىمدا بوينومنى ايگىپ، بوتدەك قىتىب
قالدىم.» اگر تورغان جايىمدىن قەرلاب
كەتسەم، يالتىرليغان قليچ مىنىڭمو بوي-
نومدا اوينار » دىگەن خيالنى قلاتتىم.
لەكىن مىنىڭ بوخيالىم توغرى امەس
بولوب چقتى. داوزىدىن كرش بلەن
لا كاللىسى ايلىنىب كەتكەن كىشى يە
دەولەت بىلەن اوروش قلىۋاتقان خطاي
چيريكلرىگە سىتلغان بولوب، او، دوش
مەنلەرگە يەدەولەتنىڭ ايچكى سرلرىنى
يەتكوزمەك بولغان ايكەن. مەن بولسام
اوز يورتيمزنىڭ آزادلىقى يولىدا جەڭ

قلیب شەھ بولغان آدەمنڭ اوغلی بولغاذ-
لیغیم اوچون پادشاهیم ماڭا :
— نیمه قاراب توریسەن رحیم
بویاققذوت! دەب بومشاق بر آواز دا مر
حمت قلدی .
بەدەولەت اوز دوشمەنلریگه شوندااق
بی رحیم ، تاش یوردك ایدی . اوز یور
تینڭ آزادلیغی اوچون جەڭ قلیشنی نیت
قلغان کشیلەرنی باخشی کورەنتی وەاو
لارغا تورغون انعاملار قلیب تورانتی»
انعام دیگەن نیمه او - دەب سوریدیم مەن
اونو ڭدین. او ، چاپاق باسقان کیچککیـ
نه کوزلرینی 2 - 3 قیتم یوموب ، ای-
چیب حسرتلیك کوکسی تـولغیچه دەم
ایلیب اوزون برتندیده :
— « سەن هەر کونی افتاردیـن
کیین ماڭا برتاواق سویوق آش ئەچقیب
بیریسەنغو ، منا شونی انعام دەیدو ، -
دەب کولومسیردی . او گیپیگه اثبات قلیب
ینه برواقیعەنی سوزلەب کەنتی .
« بەدەولەت بر کونی کیچیدە اسکی
کیبملەرنی کییب اوزی یالغوز قەشقەر
کوچا وە بازارلرینی آریـلاب یوروپتو.
اوبەس براوینیڭ بینیدا کینب بـارسا،
اویدە 3 کشینڭ پاراڭ سیلیواتقان آوازی
آڭلینپتیکەن پەجیر تووەیدە توروب او
لارنڭ سوزینی تیڭشاپتو . اولارنڭ بر
سی :
— اگرمەن بەدەولەت بولوب قالغان
بولسام ، شەهردە برعمارەت صحرادا بر
عمارەت سالدوروب ، قش کونی شەهردە،
یاز کونی صحرادا عمور کوچورگەن بو
لار ایدیم ، - دەپتو . 2-سی :
— اگر مەن بەدەولەت بولغان بول-
سام پالانچی باینڭ قزینی آلانتم ، — دەپ-
تو . 3 — سی :
— اگرمەن بەدەولەت بولغان بولسام،
زندانغا سیلینغان اوغریلارغا حربی تعلیم
اوگوتوب دوشمەنگه قارشی جەڭگه سالاتتم،
چونکی اولار خطای خانلیغینڭ قەشقەر
خەلقیگه کو‌ـسەتکەن خورلیغی نـەتیجه
سیدە آچ — یالاڭغاچ . ماڭانسیز قلیب،
علاجسیز اوغورلوق قلیب قویغان . اگر
اولارغا اوزینی شوحالغا چوشوروب قویغان
دوشمەنلرینی چوشەندوروب قارشی جەڭگه
ایلیب چقسا عجاییب قەهریمانلق بلان جەڭ
قلار ایدی . منا بونوڭما هیتینی بەدەو
لەت بلمەی قایواتیدو — دەپتو .
« ئەتیسی بەدەولەت هیلیقی اوچ کشینی
آلدیغا چاقرتیب :
— اگر سیلەر بەدەولەت بولساڭلار
نیمە قلاتتیڭلار ؟ — دەب سوریغان ایکەن
اولار لام - جیم دیبەلمەی حیران بـولوب
قاپتو . شوندین کیین بەدەولەت برنچی
کشیگه « سینڭ بەدەولەتلیگیڭ 2 عمارت
بلەن پوتسه ، مانا آل » دەب شەهردە هم
صحرادا بردین جای سالدروب بیرپتو ،
2 — کشیگه بولسا ، تلیگەن قزینی چوڭ
توی قلیب ایلیب بیریپتو ، 3 - سینی
لەشکەر باشلیق قلیب زندانیدیکی هەممە
گناهکار لارنی لەشکەری مشق اوگوتوب
جەڭگه تیارلاشنی تاپشوروپتو . اولار کین
جەڭلەردە عجایب قەهریمانلیق کورسەت-
کەنلیگینی مەن اوز کـوزوم بـلەن
کورگەن . . . »
او بر نەرسیگه ایچینغان آدەمدەك
« هەی . . . » دیبدەبیشینی تووەن سیلیب
جم بولوب قالدی . مەن اونوڭ هەردا ئیم



قلیدیغان گەپاریدین آزادلق اوچون بو
لوب اوتکەن جەڭلەرگه وە قەهریمانلقلار-
غا ، اوزخەلقینڭ مستقل بولوب یاشیغان
دەوریدیکی ملی تەنتەنەلریگه نهایتی قزیق-
قانلغینی آڭلار ایدیم . رحیم صوفی بە
دەولەتدین جق یاخشیلیق کورگەن ادەم.
شونوڭ اوچون اونی «آچچیغی یوبار تاتلیغی یوبار
پادشەهم ایدی » دەب تصوبرلەب کیتیدو.
بەدەولەت ساتقونلار طرفیدین زەهەر
بیریب اولتورولوب ، 7 شەهر دیکی مستقل
اویغور دەولیتی ییقلغاندین کیین ، رحیم
صوفی آلتە شەهردین قول سالکیب پییادە
ایلیغا ینیب چققان . او ، قەلەکنڭ گاز
لیقیغا آچچیق قلیب ، تەرکی دونیابولوب
آلغان . رحیم صوفی عەمریدە خوتون
آلمیغان . ایلیدا اوزی قازان اسیب بر
قینیمەواسیق تاماق ایچب ییەەی ، 65
ییشیدا اولگەن .
رحیم صوفینڭ کیینکی حیاتی توغریسیدا
حکایە یزیب یاقسام دیگەن اومیدیم
بار ایدی . لیکین بوجایدا
اونوڭ اسمینی یاد قلیب اوتوشوم بوقور
دیکی مقالینڭ آخیرقی جوملیسی بولدی .
حقیقتا هەم حاضرمو قەشقەردە یاشی-
غوچی هەر — بر بووای هر - برمادی
مستقللکدە اوتکوزگەن 13 یللق دەوری-
دیکی واقیعەلەرنی وە دوشمەنگه قارشی
کورەشدە قرنداشلارینڭ عجایب قەهرمان-
لقلارینی سوزلەب برەلەیدو .

ز . قادیری

## اولکولوك کیڭەش اعضالرینڭ تارتیشیش مسئالەلریگە دائر

اولکولوك کیڭەش اعضالری اوز ومچیگه
بیریب ایککی آیلیق واقتنی تالاش - تار-
تیشلار بلەن اوتکەزدی .
اوتکەنکی استبداد چیل خطای حکومتی
خەلق مجلسلرینی اوتکوزگەندە ، سوز-
لەیدیغان « مخصوص » کشیلەرنی آلدیدین
بەلگولەب مجلس قرارینی هەم آلدیدین
ئشلەب چقیب ، مجلیسکه قاتناشقانـلار
غا تصدیق قلغوزاتتی . بوقتەقی کیڭەش
اعضالر مجلسینی خوددی شونو ڭدەك اوتکو
زوش قلالانغان . آما 3 وېلایەت کیڭەش
اعضالری خەلقچیلقنی دەعوا قلیب ، قاتتق
قارشیلق کورسەتدی . بولارنڭ دەعواسی
حقلیق بولغانلقدین اولکولوك کیڭەش اع
ضالرینڭ کوپچولوگی قوشولدی . فقط
کوپچلوکنڭ فکریگه قارشی چققانلار آسا
سا خطای ملیتیدین بولغان کیڭەش
اعضالری بلەن آقسوو ولایتینڭ قسما کیڭاش
اعضالری بولدی .
تالاشلارنڭ برنچیسی : کیڭش-
اعضالارنڭ صلاحیت (لیاقتلیگی) مەنبلیسی
بولدی . استبداد چیلار ایلیدین 3 کشیـ
نی ، قەشقەردین 7 کیشینی ، آقسودین
بر کشینی چوچەکدین بر کشینی ، جەمی
12 کشینی کیڭاش اعضالیغا اوتکوز
مەیمیز — دەب ، مجلیسکه قتنیشیشقا
حقوقلوق کاغزینی بەرمیدی . اما ،
« توتومامیز » دیگینینڭ آساسی یوق ایدی.
مثلا = ایلیدین بارغان وەکللەر ایچیدە
2 کشی آز ساتلیق ملەت وەکالری .
بو ملەتلەرنڭ کوپچراوك خەلقی (99 بریم
پروسەنت ) ایلیدا توروغلوق بـولوب
خەلق وەکیللرینی بیواسطە اوزلاری
سایلیغان ایدی .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جەلبىدىن آقسودىن كەلگەن بر كىشى بولسا، آوات ناحيەسىدىن سايلانغان اولكولوك كېڭەش اعضاسى بولوب، كېيىنكى كونلەردە آواندا بور گوزولگەن سىياسى سەقبەدىن قېچىب اورومچىگە كەلگەن. بو كىشى اوز ناحيەسىدىن قېچىب كەتكەندىن كېين استبدادچىلار بو كىشىنىڭ اورنىغا باشقا بىر اونى سايلاب كەلگەن. كېيىنكى كونلەردە بو كىشىگە شونداق قارشىلىق كورسەتدىكى، حتى: « اورون - كورپەلىرىڭنى كوتەر » دەب بېنادىن چىقىب كېتىشىنى بويرىدى . . .

استبدادچىلار حقيقتنى سوزلەيدىغان كېڭەش اعضالىرىنى مەكىن قدر آزايتىشقا اورونوب، تورلوك رەزىللىق حركتلەرنى ايلىب باردى. استبدادچىلار كوب يەرلەردىكى خلقچىل كېڭەش اعضالەرنى سولاب ئەتكەن، بونكىب ئەتكەن؛ وە كېڭەش اعضالار سقيقا چىدىبدى اوز يورتىدىن قېچىب كەتكەن. مانا شولارنىڭ اورنىغا اوزلىرى باشقىدىن سايلاب تۇرغۇزغان كېڭەش اعضالىرىنى صحبت بلەن قارشى آلدى. مثلا: آقسودىن كەلگەن 15 كىشىنىڭ تورتى اوزعىنى بولوب، قالغانلىرى اوزگەرگەن. آسوق - آقسودا خلق طرفىدىن سايلام بولماي استبدادچىلار اوزلىرى سايلاب كەلگەن. ياركەندىن كەلگەن 5 كىشىنىڭ ايككىسى ئەينى اوزى، خوتەندىن سايلانغان اوچ - لا كىشى كەلدى.

سلاحيت مسئلەسىنى حل قلىش اوچون هر بر ويلايەتدىن بردىن كىشى بەلگولوتوب هيئت تۇزۇلدى. بو هيئت مجلس ايچىب شنى حق ناحق دەب، مسئلىنى حل قلىشقا تونونغاندا، استبدادچىلار بىراق براق جايلاردىن قوروق ميدانلار، حيلىكەرلەر سوزلەب، مسئلىنى چەككە چقىرىب واقت اونكوزوش بلەن آوارە قلىب قويدى.

سلاحيت مسئلىسى تمام بولماي تورغان بروقتدە تورت تورلوك چەك پەيدا بولدى. بونوڭغا كوپچولوك اعضالەر قارشى توروب، 2 هفتە تالاش - تارتش دوام قلدى. بو حقدە حكومت طرفىدىن تشكيل بولغان 7 كشىلىك گروپپا اعضالرىدىن اولكولوك حكومت معاون رئيسى احمدجان قاسمى، ايچكى ئشلار معاونى ناظرى رحيمجان افندى وە تعميران نظارت ناظرى: محمدامين حضرتلەر هم قوبولغان چەككە نارازيلق بلدوروب كوپچولوك كېڭەش اعضالرى بلەن بر نقطەدە توردى. اولكولوك حكومتنىڭ سابق باش كاتبى لىو، ايچكى ئشلار ناظرى واڭ زىن شىن (جلال الدين)، عبسى بىك شەرلىك حكومت باشلىغى چو - لەر چەكنى قووەتلىدى.

مجلس واقتىدا ايچىلماي تورلوك بولموغور مسئلەلەر بلەن آرقىغا سورەلگەندىن كېين 75 پروسنت كېڭەش اعضالرى مجلس ايچىلىشىدىن بوروندا قلنغوسى بارلىق مسئلەلەرنى تامام 20 - ئيوندىن قالماي حقيقى خلقچىلق اساسىدا مجلىسنى ايچىشقا طلب قويدى. لېكن بو طلب - مواعتبارسز قالدورولغاندىن كېين 25 - ايوندا مجلس ايچىش امكانيتىنى بەرمەسە بارلىق كېڭەش اعضالرى تارقلىب كېتىش توغورسىدا ايلتىماس بەرگەندە، جاڭ جز جوڭ 25 - ايوندا كېڭەش اعضالرنى چاقرىب، مە



بت مجلس اوتكەزدى. صحبت مجلسدە جاڭ جز جوڭ كوپچولوك كېڭەش اعضالرىنىڭ مسعودنىڭ اولكولوك حكومەتكە رئيس بولوشىغا نارازيلق قلىب بەرگەن طلبلەرىگە رەددىيە جواب بېرىش بلەن 3 ويلايتنى ياماناللاب سوزگە چقدى. شوندىن كېين خطاي وە آقسو كېڭەش اعضالرى بلەن خلقچىل كېڭەش اعضالرىنى تالاش - تارتىشقا سېلىب قويدى. آخرى كېڭەش هيئت رياستلرى بلەن 7 كشىلىك حكومت گروپپاسى برلىكدە حل قلىب بېرىلسون دېگەن خلاصىنى چقاردى.

جاڭ جز جوڭ رەئىسلىگىدە كېڭەش هيئت رياستلرى بلەن 7 كشىلىك گروپپا باش قوشقان مجلس ايچىلىب جاڭ جز جوڭ اوزى:

— « تورت چەكنىڭ قايسىسىغا راضى بولسىزلەر؟ » دېگەن ايدى. كېڭەش اعضالار وەكىلى:

— « 1 - مركزى حكومت بلەننىڭ جاڭ مناسبتى اگر فقط مستقللىق بولسا حاضرقى واقتدا بز اونى دعوا قلمايمز. 2 - دولت عسكرلرىنىڭ شىنجاڭ دېكى سانى وە تورغان اورنى حقدە مسئلە قويمىز. عسكرلرنىڭ زورلوق - زوملوقىنى، بولاڭچى - تالاڭچىلىقىنى، عموماً قانونسىزلىق حركتلرىنى اوتتورىغا تاشلايمز. آما دولت عسكرى چىقىب كەتسون دەب توروب آلمايمز. 3 - اولكولوك حكومت رهبرلىگىنىڭ اوزگورىشىگە 98 كېڭەش اعضاسىدىن 68 كېڭەش اعضاسى نارازى بولوب تورغانلىق موندان مانەنىنى قوبۇلوشقا اورونمو يوق. 4 - بتم وە سياسى بىرد گرامىغا بز هيچ قاچان خلافلىق قلمايمز، بلكى خلافلىق قلىبواتقانلارغا قارشى مسئلە قويمىز » دېدى.

جاڭ جز جوڭ ھەيككى طرف (ايكى طرف دەب، ايلى بلەن اوزلرىنى ايتىدىكەن) بر - برىگە يول قويوب بەرسە، مەن كلىشتوروب قويماي: قەشقەردىن كەلگەن 5 كشى، ايلى طرفدىن كەلگەن تونگان، شيبە - سولان وە كيللرى قاتناشسون. بز طرفدىن سايلانغان تونگان، شيبە، سولان وە كيللرىمو قاتناشسون » دېدى. كېڭەش اعضالرى بونوڭغا جواب بەرمەستىن: « يەنە نيمە كەڭچىلىكلار بار؟ » دەب طعنە قلدى. آما ايلى طرفدىن سايلانغان تونگان، شيبە، سولان وە كيللرىنى وە قەشقەردىن كەلگەن 5 كشىنى قاتناشتوروش كەڭچىلىك امس - قانون ايدى. لېكىن كەڭچىلىك قلنغان بولوب، اوزلرى سايلاب آلغان تونگان، شيبە، سولان وە كيللرىنى قاتناشتوروشنى تەلەيدى.

جاڭ جز جوڭ چەكنى توختاتىب تو روشقا مەكىن قدر كېلىشمەس كەڭچىلىكنىڭ 4 چەكنى يورغىب: « سىزلەر خلقچىل دەيسىزلەر، مەن بر خلقچىل تاپاي: 75 پرسنتلىق آواز بلەن مسئلىنى حل قلش دېگەن فكرىنى يېرىب 75 پرسنتلىق آواز مسئلىنى حل قلسون. آما مسئلىنىڭ 75 پرسنت آواز باكى كوپچولوك (توتدىن اوچ آواز) بلەن حل بولوشى 25 پرسنت آواز باكى (توتدىن بر آواز) حل قلىب بەرسون » دېدى. بونوڭ بلەن بېگىز لەشتى بولوب، مسئلىنى ئە

لەب چىقاردى . بونوڭ بلەن اوزلەرىنىڭ
موافيقيتى اوچون زەمىن حاضرلىماق —
چى بولدى . بـو وقـتدىـن
فايدىلىنىب قمول وەكيلى : « مسئيلىنى
اوچىدىن 2 آواز حل قلسون ، اگـر
توردىن برى قارشى تورسا او كوچىدىن
قالمىسون » دەب فكر بەردى . كوپچو
لوك هەر ايككى ساختا پەزلىك فكرگە
قارشى چىقىب ، ايڭ آخردا « كوپچولو
كنىڭكىنى بوزوش ممكىن اەمس ، كيكەش
نظام نامەسىدىمو شونداق كورسوتولگەن
ايدى — غو ؟ » دەب سوال قويدى . جاڭ
جۇ جوڭ : « كوپچولو كنىڭكىنى آزچى
لاق منع قلىدو » — دەب دونياوى هەمكار
لىق مسئيلەلەرنى ايچكى احوالغا تەتبيق
قلماقچى بولدى .

سلاحيت مسئيلىسىگە حكومەتنىڭ آرى
لاشماسلىقى لازىم ايدى . آمما حكومت بو
حقوقنى اولكەلوك كيكەش اعضالرىغا بەر
گوسى كەلمىدى . احوال شونداق بولسىمو
خطابچە « شك جاڭ ژيباو » گيزيتىگە
ايكچى اشلار نظرى واڭ زيڭ شەن : « 7
كشىلىك هيئت قرارنى عملگە آشورال
مىدى ، حقوقى بوزگوزەلمىدى ، باكى
حكومتكە بەرمىدى » دەب يازدى .

بو عملدە بولىبوانقان احوالغا نسبتا
مطبوعاتدا اشى متهملىك ايدى . بوندىن
باشقا استبداتچيلار وە كللر آرسىغا
هەر تورلوك بولگونچولو كلەرنى سالدى .

اولكەلوك كيكەش اعضالرى اوچون
تەييارلىكدىن اوزون حاضرلانغان ايدى ، امما
استبداد چيلار كيكەش اعضالرى آرسىغا
بولگونچولوك سيلش اوچون آقسو كيـ
كەش اعضالرىنى شهر ايچىگە ايلب كيـ

ريب كەلدى . كيكەش اعضالرى واڭ نىڭ
جاڭدىن : « آقسو كيكەش اعضالرى نيمشكە
بويەرگە چوشمىدى ؟ » دەب سوريسا ، ئو :
« بتمەي كيلىش توروش ئەركنلىك ديگەن باره
دەب بويپوتتى . لەيكىن مونداق مجبورى
« ئەركنلىك » اولارنىڭ آرسىدىكى اوز ئەر
كىنى خالايدىغان بر قانچە اعضالرغا باق
مىدى . حتى اولارنىڭ آرسىدا مجبورى ئەر
كنلىككە چىدىيالمايدىغانلارى بولدى .
مانا شومو ئەركنلىكمو . قەشقەر كيكەش
اعضالرى توختاميش طرفىدىن توسولدى .
بومو ئەركنلىكمو ؟

استبدادچيلار اوز قلمشلرينى يوشو
روب ، اولار اوزى خالاب شهر ايچىگە چو
شوب آيتو ، شونوڭ اوچون « حكومت او
لارغا قاريمايدو » ديدى . ئەرتيسى تاڭ —
جاڭ يەنە شونداق جواب بەردى . آمما آق
سو كيكەش اعضارىدىن كەلگەنلەر « تاڭ
جاڭ » نىڭ آلدىدا : « بزمو موشو يەرگە
چوشسەك بولوبديكەن . هواسى ياخشى
ايكەن : قايتىب كەلسەك كيلەرمىز » دەب
طعنە قلشدى . ئاڭ جاڭ بولارغا قاريتا
بويپوتولغان سوزلەر قلسىمو ، اولار : « بزنى
چوشورگەن پەردە خوددى سزلەر ئىڭكىگە
اوخشاش كشلر خدمت قلشيدو . سزلەرگە
نيمە بەرسە ، بزگە شونى بيريدو » دەب
ئاڭ جاڭ يوشورغانلىرنى آشكارە قلىب
قويدى . لەيكىن اولارنىڭ ايچىدە يوق امەس
زوبك (زوهرە) ، ئەمەت ، عبدالرحمن ، يوسف
ديگەنلەر اوچىغا چقغان ئەشەدىلىر بولوب ،
استبداتچيلرنىڭ سرلرينى ساقلاشدا اوماو
لارغا خدمت كورسوتوشدە آلدىنقى اوروندا
توريدو . كوپچولوگى راستىنى ايتىب قو
بوواتقاندا زوبك خالم اورونسز قايناب كي



تەب : « اوز اختيارمىز اوزومىزدە سانمىن
جويىدا اولتورۇش — توروش ئەركىن دىيىل
بلگەن ، دولت برلىگى » دەب ولايەت استب
دادچيلارنىڭ دومبيقىغا اوسول اويناب
كيتيدو .

بو 3 — 4 زات شونداق حالغا
كەلگەنلكى ، اگر سوزلوشوب باقسىڭىز
آغزيدىن سەمىن جوبى اونداق خلقچيل
مونداق خلقچيل دەب كيليب ، بزنىڭ آقسو
ولايىتىمىزدە سەمىن جوبيلىق خەلقچىلىق تو
لوق بوزگوزولىبواتيدو . سىزلەردە اونداق
امەس دييشيدو . اگر اولكودە بار بولواتـ
قان واقعەلر توغريسىدا سوزلەب بەرسە
تورت پوتى اورە قاليدو . « اوزەمنىڭ راس »
دەب كوزينى يوموب آليدو — دە بولـ
مىدى . سلاحيت مسئلەسى توغو لوق هيئت
رەئيسى سايلاشدا آقسو آقـچى كيكەش
اعضاسى يوسـف (اوزگەرگەن) : « دولت
تلى (خطايچە) بلىدىغان كشى بولسون ،
شونوڭ اوچون چاڭ شەنسيننى سايلايمز »
دەب كورسوتوب اولتوردى .

« آوانگارد » آقسو كيكەش اعضـارى
بو خل حركتلرى بدىلىگە منصبلرگە ايـ
گە بولماقدا . مثلا = باج خانە باشلىقى ،
گومنداڭ شوجن جاكى وە معاوين والىـ
غا اوخشاش منصبلرنى بەرمەكچىمش .
بولارنىڭ تورموشىغا باردەم دەب استبداد
چيلار تشبثچى بولوب ، هەر قايسىسىغا 1 -
2 مليون دوللاردىن آوانس بەرگەن ايـ
مش . آقسو كيكەش اعضالرى حربيلەر وە
ايدارە باشلقلرى طرفىدىن بانكيتلر اوتـ
كوزولوب ، حرمت بلەن مهمان قلنماقدا .
شو بانكيتلاردا آقسو كيكەش اعضالرى ايغز
يغا كەلگەن سوزلرنى قلشماقدا . جملـ

دىن اوزينى « قازيل قوززان — يەنجاڭ » دەب
آتيغوچى منافيق سعداحمد خوجا : « حاضر
قى اولكەلوك كيكەش اعضالار ايچىدە كام
مونيستلار كوب ، بزنىڭ آوازىمز اولارغـا
يەتمىدى . بزنىڭ آوازىمىز اولانگىكىگە يەت
كەندە كيكەش اعضالار مجلسينى آچيمز »
ديگەن . طبيعى ، سعداحمد خواجە بوسوز
نى اوزى — لا سوزليگەن ئەمەس ، اينە
اوگەتكوچلرى باردور .

كيين يەركند كيكەش اعضالرينى
« كليوابدو » ديگەن خبرنى آڭلاب اسـ
تبدادچيلار برنچە قوراللىق عسكربلەن بر
ماشينەنى توقسونغا ئەوەتيدو . اويەردىـن
يار كند كيكەش اعضالرينى شو ماشينە
گە اولتورغوزوب ، قوراللىق عسكرنىڭ محا
فظتيدە تويمو — توغرى آقسو كيكەش
اعضالرىگە قوشدى . خونەننىڭ 3 كيكەش
اعضاسى استبداد چيلارغا قارشى تورغان
حالدا كوپچولوككە قوشولدى . بانكيتلار
دا بعضى كيكەش اعضالرنى اوز طرفيگە
تارتيش اوچون غلجيڭ سەتەڭ زوبكنىڭ
قلغان حركتلرينى كشى ايغزيغا ايـلب
بولمايدو ... اونومەدىن باشقا بولارنى اوز
لرىگە جلب قلش اوچون استبداد چيلار
اومتولوبمو باقدى . مثلا = : اولارغا « پالاند
مدين » ديگەن « سوغات » لار كيليب توردى .
« سوغات » تاپشوروب آلغوچيلار استبداد
چيلارنىڭ سرارينى كوپچولوك كيكەش
اعضالرىغا ايتىب قويدى .

استبداد چيلار بلى ، چوڭ چوڭ ، آلتاى
كيكەش اعضالرى اوستىدىن يەنە — ايغوا
توغدوروش اوچون 3 ولايەتكە قارشـى
مخفى تشويق وەرەقەلر تارقاتتى . كيكەش
اعضالرنىڭ اوى خزمىتىگە بەلگولەب قويـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



غان كشيلرينى جاسوسلوق حركتى بلەن مشغول لاندوردى.

ماما بونوكدين مجلسنك ايچلەسليغى اوچون بولغان اومتولوشلار ذايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكيني بلىش نەس امەس.

ئەسلىدە بو بواگونچولوك حركتلر بوروون پلانغا ايلب قويبولغان.

كيكەش اعضارى اورومچيدە حاضر تورغان بو چاغدا بولغان اوز گوروشنك ايك چوكى اولكولوك حكومت رەهبرليگى ايدى. بكى رەدگە نامغا ناپشوروش كونى كيكەش اعضاريغا وە خلقچيل حكومت اعضالريغا آلديدين اوچوق خبر قالدورولغان امەس. چونكى بو بوشوروون ايلب بيريلغان ايش: «مصلحەتليشب حكومت اوز گوروشيگە قارشيلق بولوب قالمەسون» ديگەن مقصدينى كوزدە توتقانلق ايدى.

ئارنيسى نامغا ناپشوروش مراسيمى اوتكوزولدى. نائبينى مسعود قسسم بلەن ناپشوروب ايلب سوز سوزليدى.

سوزى باشدين آخرغيچە بووضيفەنى «ايلنغان» قاغان جاكرى بوونجاك بلەن جاك بوجاكغا رحمت اوتوش بلەن تولغان، آمما شرقى تور كستان خەلقى، بسنم، سياسى اشلارنى عملگە قويوش پروگراما وە اولكولوك كيكەش اعضالار مجليسى توغورلوق بر جملە سوز هم تستورولميدى. شو مجلسدە بكى رەدسكە كيكەش اعضالرى قارشيلق كورسوتوب سوز گەچقنى.

اولكولوك حكومت رەهبرليگينك اوز گوروشيگە قارشى كيكەش اعضالرى آخرقى آرقيدين جاك جز جوكدا قاتار عرضيلر بەردى جاك جز چوك بونوكسغا رەددى جواب بيريش بلەنلا كفايلەندى.

مسعود – منصب پرست، خەلق اوچون كويمەيديغان كشى بولغانلقدين اولكولوك كيكەش اعضالرى امكانيتنك باريچە قارشيلق كورسوتوب كەلدى.

اولكولوك كيكەش اعضالرى اولكيمز ديكى بتون خلقلارگە وەكيل بولوب خلقنك اوستيديكى ايغرچيلقلارنى حل قلش اوچون توبلانغانلقدين اولكولوك حكومتنك واقتسز اوز گوروشيگە ناراضى ايكەنلكيني بيان قلشقا حقليق ايدى. چونكى اولكە خەلقى اولكولوك حكومتنكدا لايق اوز گوروشيگە قارشى تەورەب كەتكەن بر واقتدا البتتە اوزلرى ئەوەتكەن وەكللردين شونى كوتكن ايدى.

مركزى حكومتنك وەكيلى خلقنك نارازلقيغا اعتبار قلماي قولاق يوپوروب آلدى. حاضر بولسا احوال خلق ئويلغندەك بولوب چقيوانيدو. اولكولوك حكومت اوز گوروشيدين اول جنوبديكى مستبدلرنك بوزغق حركتلرى حكومت اوز گوروش بلەن مركز اورومچيگە يتيب كەلدى. اوچوق دين اوچوق خەلقچيللەر سقباشقا باشليدى.

مثلا: مسعود افندى رەئيس بولغيلى 33 كون وقت اوتوش بلەن اورومچى اوزيدە بى گناه 30 كشينك قينى توكولدى» ديگەن سوزلەر آڭلاندى.

مسعود رەئيس بولغان كونديدين باشلاب خلق خاطرجەمسيز كون كوچور مەكدە. استبدادچيلار طرفيدين خەلقنك ئەركنلگيني بوغوش، سوءقصدلەر كوچەيمەكدە.

مسعود رەئيس بولغاندين كيين خطاى حربيلرى رهبرليگيديكى اسلام دينينى حيمايە قلش نامى آستيديكى عكس الانقلابچى



چيلەرنك جمعيتى بلەن «سالمين جوبيدانى باشلار اوميگى» حربيلەر حيمايسى آستيدا حركت قلماقدە. اولار «سەن ايليلق، سەن كامونيست» دەب خەلقچى ضبالى باشلارنى توتوب اورماقدا.

جاسوسلار اوچوق – دين . اوچوق خەلقنك مدنى اورونلريغا هجوم قلماقدا. مثلا: 30 – ئيون كونى مركزى اويغور اويوشمسيغا قلنغان هجوم توسولوق دەليل بولالايدو. اويوشميغا هجوم قلغوچيلارنك اتنى تەكشوروش اوچون خەلق ريئاكسيون دەب توتيغان جانيم قالان، سالبس وە برمونچە خطابلارنى بەلگولەش ريئاكسيون لارنك كوچويوشيني كورسوتيدو.

بەتەشواشى قزقكى: اولكولوك كيكەش مجلسنى ايچيب نخى مسئلەنى هل قلماى تورغانزو واقتدا حكومت آچەنشين باشلىق 16 كشينى شرقى تور كستان خەلقينك وەكيلى قليب تاتكينغا ئەونشكە حركت قلماقدا. خائين، اوروش پەرەست عثمانغا «دولتنك صادق باتورى» دەب بايراق تقديم قلماقچى ايمش.

كوپچولوك خەلق مسعوددين وافا كەلمەيديغانلغيني سيزيب، حقليق بوسونداقلارنى چقغان ايدى، مستبد دائيرەلەر كوپچولوك خەلقنك اولكولوك حكومتني حاكيم مطلقايق بوسونيدا اوز گەرتيب

اينشكە بولغان قارشيلقيغا كوزيوموب، «بوآزسالايق بوزغونچيلار» دەب بها بيريب، اوزلرينك بوزغونچى رسوا بولغانلغينى كورسەتدى. موستەمليكيچى عنصرلەر قارافچى عثمانغا اعتقاد قليب اونونكدين هيچ اش چقرالميغاندين كيين مسعودنى قورچاق رەئيس قيلب قويوب اش كورمەكچى بولدى. بو قصد ليك ناكتيكلارنك سرلرى برينك كەيدين برى آشكارە بولوواتيدو. مانا بو نوكغا مسعود رەئيس بولغاندين كيينكى وطنيمز دە يوز بيريواتقان احوالار اوچوق اثبات بولالايدور.

عموما: استبدادچيلار بونوبت اولكولوك كيكەش اعضالرينى اورومچيگە آپيريب، اوزلارى كيم قانداق كشيلەر ايكەنلكيني آشكارە بوسوندا ايفادىلەب قويدى. اوروتووالغان بنم، سياسى پروگراما پەرديسينى يرتيب تاشلىدى. احوال شونداق بولسىمو، اولار: «3 ويلايت بنم، سياسى پروگرامينى اجرا قلمىدى» دىيىشيدو.

بوزغونچيليق اشلرنى اوزلارى يوروگوزوب تورۇب خلق منفعتيگە دوشمەنلىك قليب تورۇب، يەنە استبدادچيلارنك چوك – كيچك هەممىسى «خلقچى بز» دەب دعوا قلشيدو.

وكيل

# هاشيم جان

(حيكايە)

د . نورەخمەت

1

ئەرنيز حيات جانلينب، طبيعت ياسا- ماقدا. ايتيز – قرلار قاشلريغا هوسەلقو- يوشوب، كونىنك آلتون نورلارى بلەن كي- ينيە كدە ...

سيت كام قوشنى توختونوب، يگيتنك
اوچى، بلەن ماگلاى تەرينى سورتتى. را-
حتلينب توروب، ئەرتيازنك صاف، دالق
خوش هوا-يدين ايچيگە چوك ـ چوك بر
ايككى تارتتى. يادىغا كيچك اينسى چو -
شوب، ايككى دەسـەبلا ينيديكى قـرنك
اوستيگە چقتيدە، سولەنليك كـوكسينى
كونوروب، يرافنى،يايقيـى.

ـــ آتنى قاينورالەاى، اوزاب كەت-
تيمو، نيم بولدى ؟! ـــ دەپ كوگلى
اويوب تورانـتى، تاخشيننك آوازى آڭ-
لاندى.

ـــ قارا بو پنتەكنى! ئەمگەلمەينانـ
شا بلەن اش قيزينب يوركينيى! مە -
ليگى كەلگەن سيت آكام اينسى يقفا
ماگدى. بر آز يوركەندين كيين قاي-
تشقا شەرەت قليب، اينيسينك 2 ـ 3
ساعت ايچيدە سورەم قلب تاشليغان يەر
لريگە قاراب، نهايتى حيران بولوب قالدى.
ابريق بويىدا بر قورابنى اوينلب اولتو -
روب، اوينغا چومولدى.

ـــ بويل ايشنى خيلى باللدور باش-
ليديم، هاشيم جان بولسا، بزدين قيلشەلى
ايشقا يارااوانيدو . كوزدە خيلى بايا ـــ
شەت بولوب قالامدوق نيمە ؟ براقژينيغا
بالاتەككور حكومتنك، جزانيخور جاڭگو
ديلرنك تەلييگە بولا ينە. آشلق كيتب ،
چاك قالا، ماغدور كيتب جان قولا ... خەپ
... دوبەنمو اولە، فقرامو كولە...

ـــ آكا ـــ آكا! ياراپمەنمو؟ - ديدى
هاشيم جان كورەك بر گورنوش بلەن .
خيالغا چوموب كەتكەن سيت كام بر
ديـنلا بيشينى كوتـوروب اورنيدين
توردى.

ـــ يارايسەن اوكا! ـــ ديىيدە ،
ابريقدين ابرغيب هاشيمنك ينيغا باردى
وە اونوڭغا زوقى كيلب ـــ ساڭا مەن
آشلقنى چيچب بولغاندا ياخشى بر تالى
ابلپبيربەمن،بزبچەاوينيساڭمو مەيلى- دەب
اونى ئەر كيلينب ، موروسيگەاوروب قويدى .

ـــ كوزدە اوقويمەنمو آكا!؟

ـــ اوقويسەن اوكا . اوقويسەن . دا-
دامو سينى اوقونوشقا آرزو... تادانلقنك
كوچويدا سەرسان بولوب بزنك يور-
گينيمزمو يتە، بوشوكنىكيمزدين تارتيب
اينزدا بەر تاتليساڭمو، چاپنيەزنك تزدين
آشميقينى آشميقان.

هاشيمنك اينسى چوڭ داديغان بويى اينز
غا چاى كونوروب كەلدى.

2

هاشيم جان خوشال اوقوب يورەتتى
بر كونى بر اوقوچى :

ـــ ماگوشينك اينـسى برنجى صنفدا
اوقوسا، اوزى يارتنجى صنفدا يورودو ـــ
دەب زاڭلق قلدى. باشقيلار قوشـولوب
كولوشدى. بوحال هاشم جانغا نهايتى تاء-
ثير قلدى . ابزا تارتقينيدين آغزى گەپ
كە كەلمەى ، كالپوكلرى ليپلداب كەت-
تى، شوندين كيين هاشيم جان دەخەپا.
دەب اوقوشقا باشقيدينلا تريشتى...

بر كونى حنيف افندى 4 ـــ صنف
قا كريب ، دەرسدين كيين سوال سو -
راشقا باشليدى:

ـــ تور، دعايى قونوتنى اوقوا ـــ
توراخمد توروب:

ـــ د، د . دعايى قنوت - ديشيگە آر-
قيدين «قاپنا بر قوروت» ديگەن آواز چقب،
هەممە اوقوغوچيلار پخلداب كـولوشوب



كەتتى. معلم غضب بلەن هەممينى جيم
قلدى. توراخمد اوقوغاندا آغزينى پچر
قلغانلارغا جازا اعلان قلدى. يەنە سورى-
دى :

ـــ هە اوقى!

ـــ دعايى قونوت آ،آ،آ...

ـــ اللهم انا- دەب ايسيگە سالدى ها-
شيم جان.

ـــ نور هاشيم، حاضر نم ديديم؟-
دەپ كاييدى معلم،

ـــ افنديم بو مينى بورون «گوش»
دەب زاڭلاق ايتەتتى. امدى بونكغا مەن
اوگەنمبسەم بولمايدو، ـــ دەپ جواب بەردى
هاشم جان.

معلم سوزنك تيگيگە چوشەندى،نور
اخمدنى قاتتق تنقد قلدى. هاشم جاننى او-
قوغوچيلارغا اولگە قليب سوزلتواناتتى ،
دەرسدين چقش قوڭغريغى چلينىدى.

هاشمجان هەممينك آغزيدا سوزلنيد-
ديغان بولوب قالدى. اوقوشدا باللارنك
آلدى خزمتده تەن ـــ تدربيه معلمينك
يارەمچيسى اوقوچيلار اويوشەيسينك باش-
ليغى، هەممە اوقوچيلار اونى حرمت
قليدو.

بر كونى 6 ـــ صنفنى يوتورگو
چيلرنى اوزوتوب، قالغانلرلى يلزلق تعطلگە
قويوش يغنيدا مدير سوزلەب:

ـــ هاشم موسايف بولسا تيغى15
دە. او، 4 يل ايچيدە 6صنفنى بوتوروب
چققانلىغى هەم خزمتدە نهايتى ياخشى بول
غانلىغى اوچون بز اونى هەممىدين برنجى

حسابلايمز ـــ ديشيگىلا، گولدور، چوقان
چاواكـلار باللار كاويينى كونور -
وتتى.

ـــ راس ـــ راس توغرا بها!!

ـــ ديميديمو هاشيم برنجى.

ـــ آغچا نزمو قالتس...

ـــ هەمينك كونيگى نوراخمد...ـــ
ديگەن سوزلر بلەن كلوب ايچى وارالڭ-
چورولك بولوب كەتتى.

∴

هاشيم جان اوقوشينى دوام قلدوروش
اوچون غولجە گيمنازيەسيگە بيريب 2-
يللق صنفيغا كردى. 2يلدا مكتبنى تو -
گوتوب هر ـــ بر دەرسدين اعلادەرى-
جە ايلب چقتى.

يەنيمو جغراق بلم ايلش اوچون بر
قانچە آغينيلرينك قزيقچيليغى بـلەن
شوبلى كوزدە اورومچيگە ماگدى. اويەر-
گە بارغاندين كيين ساقچى مكتبيگەاوقوش
قا كردى. لەيكن بو اوقوشدين وجدا-
نى آرام تاپماى، سفەن (دارالمعلمين) گە
بوتكەلدى. ظالم خطاى افلاسچيلغينك بو-
قوملىغى اورومچيدە تيخيمو كوچلوك هەم
زەهەرليك ايكەنليگى هم اوقوچيلار حياتي-
نك ئەنسيزليگى سيزيلە ـ سيزيلە تيغينى
جونولدونوب، اونوڭ اوقوش اوچون ريا
زەتلرگە راضى بولوب، اميد بلەن باقلاتـ
قان يبلنى بوشاتتى. آخيرى آيلار اوتـ
مەى اورومچيدين كەچتى.

∴

(آخرى بار)

## قەسەم

عزیز ،
جینمدین عزیز ،
سویوملوك آنا وطنیم !
بوگون لوتلوق بورەكدین ،
ساڭا جان – جیلم بلەن
بریمەن قەسەم ...
⁂
آڭلا آڭلا ،
وطنمنڭ كورەشچان اوغول–قزلری!
گووا بولوڭلا !
وطنمنڭ آسمان فەلەك تاغلری ،
گولزار باغلری ،
چیمەن زارلری !
گووا بولوڭلا !
وطنمنڭ سوزوك سولری ،
ایقن دەریالری ،
داڭلق كوللری ،
وە قوملوق چوللری !
گووا بولوڭلا !
ئەی وطن قوربانلری –عالیشهیدلار !
كورەشچان بوویلار ! ...
گووا بول !
تاریخ ، دەستانلار !
بوگون ،
ئاینیق بورەكدین ،
ایلهام قاینیتیپ ،
خلقیم تلمیدین ،
نامیدار ،
مهربان ،
تشكیلاتیم قوینیدا
آنا وطنگە بیربەن قەسەم .
⁂
ئەی ! مینیڭ ،
میهرییان توققان آنام –
وطنیم شرقی توركستان !
ئەسلە !
لوتموش كونلورونڭ
نەقدر دەهشەت ،
نەقدر ایغر ،
نەقدر مدهش ایدی ..
اولوتما ! –
او ،
اوتموش كونلرنی ،
قاراڭغو ، سوغاق تونلرنی؛
اونوتما ... !
بوگون كورەشچان اوغلوڭ ،
تاریخ آلدیدا ،
دوشمەن یوزینی –
قلیدو قارا ! ...
⁂
بز هرقاچان یەڭگوچ ،
– هرقاچان لغلباملربز !
دوشمەن ،
بو قدملرنی هیچ
آرتقا بورالمیدو !
ئیشانیسز یلرلاق ،
چوقوم یلرلاق !



معیلی بولسون
بوران ،
شیوربرغان !
معیلی یاغسون
قار ، یامغور ،
بولسون جوجون ،
سوغاق زمستان !
بزنڭ بولیمزنی –
هیچ توسالمیدو .
سەن بلەن بللە ،
ئەمدی شوبولدین ،
بخت – سعادتنڭ
كالبینی تاپیمز .
⁂
آنا وطنیمز !
لوكسیمە ، قوی ! ...
قولاق سیلیپ آڭلا !
اوغلوڭ آنتینی ...
– مەن سینڭ اوز اوغلوڭ ،
اوتلوق یورەك ، كورەشچاڭ مەن .
ییقلاپ ،
یشڭنی توكمە : جان آناو
هیچ كمگە قول ،
هیچ كمگە خار ،
هیچ كمگە زار ،
قلماسمەن سینی !
سەن اوچون ،
كورەشكە ،
اولومگە ،
هم اوتقا ،
هم سوغا ،
تەییار بوچینم !
اگر ،
ایشەنسەڭ ،
قلار قەسیمیم :
والله ،
باالله ،
تاالله العظیم .
م . عثمانی .

## كوروب اوت

عبدالحی روزی

ئەی ! ... مینڭ آمیمەن پاكراب هرجمنی آرتقان خطابیم ،
ئوچوب ئولخان تەكریگە عاریكدین سلام بیریب اوت .
كیزیب برساماق ایچرە ئوكوللی سرلیق موزاندین ؛
چهان املیگە دەعوا نسلیڭگە انعلم ایلیپ اوت .

–

ئوشقیتیپ چقسا داوولار هرشوخ معیطنی بوزلیگەچ ؛
قلب . تارابرشوم بولوتلارنی ایهدام بیریب لوت .

رەھىمسىز لەنتكە كەتكەن سورون بالاڭغاچ غارلاردا ،
چىلۋىلىك باققان كوبوكچە بارىكغا ايلھام بېرىب اوت .

—

بولبۇللار قەبرىنى آرلاپ زىكرىكنى سوقغاچ بولوكدا ،
كوموالگەن ئۆزلارنى ايچىب قەلبكە ماتەم قىلىب اوت .
مەرقومت تويرافنى تەشكىل ئەتكەشكە سانسىز سوبەكلەر ،
اوستىگە ميلىون چىچەكلەر — گوللەرنى ھەردەم تىرىب اوت .

—

ققالا تاك سەھەردىن ايتىب ھەرچولدە قالىس باشىندى ،
كەتك كىرىب گوەدەكنى چن تارىخدا برتلم ايلىب اوت .
سورتىدى تىغى بىيابانلاردا آھو كوزيشىن ،
موگدىنى بولسون برسازيم صحرا دامقام چىلىب اوت .

—

آخرى تىكلەب يەكوتلەردىن تىلىگگە برىنا ،
خوشال تاشقاكنى واقراب باغلاردا مودام كواوب اوت .
بول شەرقنك شىخىغا قونسا نزاكت بولبولى .
ئۆيتىشور جوپلوكدە توسلار . آلدىگدا يابرام كوروب اوت .

## دوستو دغا

كبىر نياز

يېنشلاپ ئەچچە ايتلغان سوزلەر ،
بلىب آچلىسك بىنەس خەزىنە ...
كوشولدلاب ييلان ، بولوكدا بورسە ،
مېجىب دەسسەب اوت يانما كەينگگە ...

يلاننى كورسەك ، تىشى بەك سىلىق ،
آمما لونوكىكى ، ايچى بەك زەھەر ...
آدەمو ئولا ، يىلان قىلاقت ،
كورمەككە سىلىق ، اصلى بر آفەت ...

حيات ايچىدە ، انسان بەك عاقل ،
بولسا خرافتور ، بر مينوت غافىل ...
بر ميكىب ايككى ، نەكشور بولوكنى ،
زىبان فلالماس ، ھر قانچە قاتل ...

## تۈزىتىش

تۆۋەندىكى مطبعە خطالرىنى تۈزىتىپ ئوقوشلرى سورولىدۇ .

| بەت № | سىتون | ئەچچىنچى قۇر: يوقاردين | ئەچچىنچى قۇر: توۋەندين | بېسىلىپتى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 10 | 1 | — | 7 | عكسرى | عسكرى |
| 11 | 1 | 15 | — | كولەكگو | كولەنگگو |
| 12 | 2 | 2 | — | عملرزانك | عمللرنك |
| 13 | 2 | — | 10 | بولون | بولوب |
| 14 | 2 | — | 1 | قورلق | قورالق |
| 16 | 1 | 5 | — | بروگرما | پروگراما |
| [illegible] | 2 | 18 | — | خ قلچيلىق | خلنچيلق |
| 18 | 2 | — | 16 | چونكو | چونكى |
| [illegible] | 2 | — | 7 | كروب | كوروب |
| 19 | 2 | — | 16 | گومبندا | گومبندك |
| 20 | 1 | — | 3 | يشبنى | ايشبنى |
| 20 | 1 | — | 2 | ەسسە | ەسسە |
| 21 | 1 | — | 15 | زلام | لازم |
| 23 | 1 | — | 11 | با وروروفا | ياوروپا |
| :6 | 2 | — | 4 | قور كستان | تور كستان |
| 29 | 1 | — | 4 | كىكەش | كيگەش |
| 34 | 1 | — | 4 | آھرفى | آرقا . |


ناشرى : شرقى تور كستان انقلابچىل يانلار تەشكىلاتى مركزى قومىتىتى .

ژورنالنك مسئول محررى : س . سيف الدىف ، محررىنك اورون باسارى : ز . قديرى ، كاتىبى : م . عثمانى .

آدىرىس : شەھرى غولجە ، مركزى كوچا ، قوراتومرى 49 .

شرقى تور كستان انقلابچىل يانلار تەشكىلاتىنك مركزى قومىتىت باسماخانەسى

تراژى : 2000